# داۋالاش، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سىلجىتىمىز

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي كېڭەش تېببىي دورا - سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنىڭ بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

داۋالاش - سەھىيە ۋە مائارىپ ئىشلىرى ھەممە ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىدۇر. 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان تېببىي دورا - سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىغاندا ھەم بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى تېببىي دورا - سەھىيە خىزمەتچىلىرى ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىگە بولغان كۆيۈنۈش بىلەن تولغان بولۇپ، تېببىي دورا - سەھىيە ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ داۋالاش، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىمىز.

### خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى باشتىن - ئاخىر باش ئورۇنغا قويىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە دىققەتنى خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. «باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىدە خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسى ۋە تېببىي خىزمەتچىلەرگە بولغان غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش تولۇق گەۋدىلەنگەن بولۇپ، كىشىنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇردى، تولىمۇ روھلاندۇردى.» ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لىۋ جيەنگو مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مىزان قىلىپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش، بىرلەشمە تىزگىنلەش مېخانىزمى ۋە ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش - داۋالاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر، چوڭ كېسەللەرنى مەنبەدىن ئالدىنى ئالىمىز ۋە تىزگىنلەيمىز؛ تېببىي دورا - سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاساسىي ئامما ساغلاملىق مۇلازىمىتى تورلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىي ئىشلەپ، خەلق ئاممىسىنى ھەر تەرەپلىمە، تولۇق دەۋرىيلىك، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ساغلاملىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيمىز.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى بىز ئاساسىي قاتلام تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.» ماناس ناھىيەلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چېن لىشىن مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاممىۋى سەھىيەنىڭ قاراۋۇللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش، دوختۇرخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىش، ئائىلىدە ئالدىنى ئېلىش، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكنى تەكشۈرۈپ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئاغرىقلار ۋە كېسەللىكنى بالدۇر بايقاش، بالدۇر سىگنال بېرىش، بالدۇر داۋالاش، سالامەتلىكنى بالدۇر ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىنىڭ مەخسۇس بۆلۈم قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇلازىمەت مەزمۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادەمگە ھەر تەرەپلىمە، تولۇق دەۋرىيلىك ساغلاملىق مۇلازىمىتى قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

قاغىلىق ناھىيەسى ئۇششاقباش بازىرى بۇناق كەنتىنىڭ كەنت دوختۇرى ئەكبەر ئابلەمت مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، چوڭقۇر تەربىيەگە ئىگە بولدۇم. بۇلتۇر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، ئەكبەر ئۆيمۇئۆي كىرىپ، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈردى، ئائىلىدە ئايرىلىپ تۇرۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلىدى، پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلىدى. ئەكبەر مۇنداق بىلدۈردى: كەنت دوختۇرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىستىل، تېببىي قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئاغرىق ئازابىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېرىشىپ تېخىمۇ ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ساغلاملىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيمەن.

### خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىمىز

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى گۈلپەرى ئابدۇللا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى نەق مەيداندا ئاڭلاپ، ئۇزاققىچە ھاياجىنىنى باسالمىدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىز كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇھىم، زور ھەم شەرەپلىك بۇرچى. مەن شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ساپايىم ۋە ئىقتىدارىمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سىفەن تۈردىكى ئالىي مەكتەپ مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، روھنى تاۋلاپ ئادەم تەربىيەلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەت ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ئىقتىدارى يۇقىرى ۋە كۈچلۈك بولغان بىر تۈركۈم قالتىس ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ سىفەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى (شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنى) ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ يەن ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر يىلقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا ئۇ ھەمىشە ئالاقىدار تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى مېنى ئىنتايىن روھلاندۇردى، مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن داۋاملىق ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، قىممىتى بار تېخىمۇ كۆپ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئۇيغۇنلىشالايدىغان تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەيمەن» دېدى جاڭ يەن.

يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىنىدىغىنى ئوقۇش يېشىغا توشمىغان گۆدەك بالىلار، كىشىلىك ھاياتنىڭ تۇنجى تۈگمىسىنى ياخشى ئېتىش تولىمۇ مۇھىم. فۇكاڭ شەھەرلىك يەسلى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يەسلى باشلىقى چيەن جۈنلى مۇنداق دېدى: «مەن زىممىمىزگە دەۋر ئېغىر ۋەزىپىسىنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى چوڭقۇر بىلىمەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتتە، مەن باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ لاياقەتلىك ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆز ۋەزىپەم قىلىپ، تېخىمۇ تولۇپ تاشقان خىزمەت قىزغىنلىقىم، تېخىمۇ جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىش روھى ھالىتىم بىلەن، باشقۇرۇش سەۋىيەمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈلگىلىك يەسلىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شەھەر - يېزا ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار مائارىپىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق رازى بولىدىغان بالىلار مائارىپىنى ياخشى بەرپا قىلىمەن».

### يېڭى دەۋر ئاياللىرىنىڭ يېڭى سالاپىتىنى نامايان قىلىمىز

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە بايراملىق سالىمى بىزنى ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدۇردى ۋە ھاياجانلاندۇردى، شۇنداقلا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرى، ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ ئاياللار، بالىلار ۋە ئائىلە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ لىشيا مۇنداق دېدى: بىز چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى خىزمەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاياللارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى، مەدەنىي كەيپىياتنىڭ تەشەببۇسچىلىرى، ئارزۇغا ئىنتىلىشكە جۈرئەت قىلىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، ئىسلاھات تەپەككۇرى، يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيەسى، ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىستىل ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنى تولۇق زىممىمىزگە ئېلىپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ چېچەكچېچەك ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ مۇدىرى پەن شياۋيەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «باش شۇجىنىڭ بايراملىق سالىمى ھەم ئېتىقادىمىزنى چىڭىتتى، ھەم كۈرەش ئىرادىمىزگە ئىلھام بولدى. مەن داۋاملىق مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئەزالار ‹تاپشۇرۇقى›نى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، قانۇن خىزمەتچىسىگە خاس رولۇمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىگە سىجىل كۆڭۈل بۆلۈپ، كەڭ ئاياللارنى قانۇنچىللىق تەپەككۇرىنى تۇرغۇزۇپ، قانۇنچىللىق ئېڭى ۋە ئۆزىنى قوغداش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدايمەن».

تېلېۋىزوردىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بەخت تىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، تۇرپان شەھەرلىك باغ - ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھۆرنىسا قادىر ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلدى. «ئۇيغۇر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئىزچىل پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم، ياخشى تەربىيە ئالدىم، ئۆزۈم قىزغىن سۆيىدىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندىم، ئائىلە تۇرمۇشۇم گۈزەل، بەختلىك. مەن جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىناق، خاتىرجەملىكىنى ھېس قىلدىم، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ئۆستى، مەن بۇنىڭدىن ھۆرمەتنى ھېس قىلدىم.» ھۆرنىسا قادىر مۇنداق دېدى: باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۆزۈمنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزۈمگە ئىشىنىپ، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ، ئۆزۈمنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئەۋزەللىكىمنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، باغۋەنلەرنى پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئۈزۈمچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەپ، شېرىن - شېكەر ئۈزۈمنى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىشىدىكى بەخت مېۋىسىگە ئايلاندۇرىمەن!

**(مۇخبىر جاڭ يۈنمېي، قاتناشقان مۇخبىرلار لياڭ لىخۋا، گې يوۋجۈن، سۇ لۈپىڭ، خەن چىنيەن، ۋاڭ يۈجاۋ، چېن چياۋگۈيى، شى شىن، ئىختىيارىي مۇخبىر ما ۋېنجىڭ)**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى قىزغىن دولقۇنى كۆتۈرۈلدى

# ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرىمىز

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، قۇمۇل شەھىرى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلىپى بويىچە، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئالتاي ۋىلايىتى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى قىزغىن دولقۇنىنى تېز قوزغاپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ تېخىمۇ تىنچ، گۈزەل، بەختلىك ئالتاي قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، تارباغاتاي ۋىلايىتى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت ۋە كۈرەش قىلىش ھالىتى بىلەن يېڭى دەۋردە تۆھپە يارىتىش، يېڭى مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

**(مۇخبىر شيا چىڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار قۇمۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاۋ يۈۋېي، بايىنغولىن مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ شياۋدۇڭ، جاڭ خۇيجياڭ، ئالتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن خۇ جۈنشيۇ، تارباغاتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋېن بو، ئىختىيارىي مۇخبىر سۇڭ جيەنلياڭ)**

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى يىغىنغا 136 تەكلىپ تاپشۇردى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **يۈەن لىپىڭ بېيجىڭدىن ئۇلاپ بەرگەن خەۋىرى:** مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ تاپشۇرۇش ۋاقتى توشقىچە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى يىغىنغا جەمئىي 136 تەكلىپ تاپشۇردى، مەزمۇنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئاممىۋى سەھىيە، مەدەنىيەت - مائارىپ قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە خەلق تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىن مەزگىلىدە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، دىققەتنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىسلاھات، تەرەققىياتتىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كېڭەشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پائال تۈردە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، چارە - تەدبىر كۆرسەتتى. تاپشۇرۇلغان تەكلىپلەر دەسلەپكى مەزگىللىك پۇختا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ھەم يىغىن مەزگىلىدىكى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىلىرىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق تەييارلاندى، بىرقەدەر كۈچلۈك ئالدىن كۆرەرلىككە، قاراتمىلىققا ۋە مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئەزالارنىڭ ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇشتەك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش پوزىتسىيەسى نامايان قىلىندى.

ئەزالار دىققەتنى مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى چۆرىدەپ، دۆلەتنىڭ جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۇرۇمچى يىغىلىش مەركىزى قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىشى، شىنجاڭنىڭ ھاسىلىي ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشى، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدىكى تۆرلۈك ئۆلچەملەرنى تۈزۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىشى، قار - مۇز كەسپىنى يېتىلدۈرۈشى، زورايتىشى قاتارلىق تەكلىپلەرنى سۇنۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەر ۋە تەخىرسىز ئېھتىياجنى ئوخشاش بولمىغان جەھەتلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشتى.

ئەزالار يەنە ئۇرۇقچىلىق ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، كەنت( مەھەللە)لەرنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنىڭ «تەنتەربىيە بىلەن داۋالاشنى يۇغۇرۇش» تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپلەردە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەمەلىيىتى چىڭ كۆزلەنگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى چىڭ كۆزلەنگەن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر چىڭ كۆزلەنگەن، تەكلىپلەر دەل جايىدا بېرىلگەن، تەكشۈرۈش چوڭقۇر، مەزمۇنى ئەمەلىي بولغان.

ئەزالار يەنە دىققەت - نەزەرىنى ياشلار، ئۆسمۈرلەر، ياشانغانلار قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا قارىتىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېيدىزدىن مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىش، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى قوغداشنى كۈچەيتىش، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرىنى قوزغىتىش ۋە يېتىلدۈرۈش، ساغلاملىق - كۈتۈنۈش كەسپى ئۆلچىمى ئورنىتىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭگىيۈەن شىمالىي يولى 500 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن